# گزینش

(ماهنامه)

7 2000

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2000-يىل 7-سان

(ئومۇمىي 145-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 9-، 10-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى خەلق مەنپەئىتىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش، ياخشى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ**

—جياڭ زېمىننىڭ گۇاڭدۇڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات ............ ۋۇ گۇەنجېڭ (2)

**جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ............ جاڭ جۇنجيۇ (13)**

**ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى ............ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان ئوبزورچىسى (21)**

**پارتىيىنى باشقۇرۇشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش لازىم ............ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (26)**

**غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى ............ بۇخې (31)**

**غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ بازار بىلەن تۇتاشتۇرۇش لازىم ............ گۇ يىكاڭ (38)**


**★7-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11–2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋاكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى خەلق مەنپەئىتىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش، ياخشى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ

—جياڭ زېمىننىڭ گۇاڭدۇڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

ۋۇ گۇەنجېڭ

يولداش جياڭ زېمىن گۇاڭدۇڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئېلان قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پارتىيىمىز "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ" دېگەن مۇھىم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ھەممە ئېنىق قىلىپ، پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە بولغاچقا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ياخشى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ مۇھىم بايانىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر ۋاقىت پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىش پارتىيىمىزنىڭ باشقا بارلىق پارتىيىلەر بىلەن بولغان تۈپ پەرقى. ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ھەرىكەت ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ ھەرىكىتى—مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان مۇستەقىل

ھەرىكەت.» كوممۇنىستلارنىڭ «پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقىچە بولغان ھېچقانداق مەنپەئىتى يوق.» («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-توم، 450—451-، 453-بەتلەر) بىزنىڭ پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىغا ئاساسەن قۇرۇلغان، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش باشتىن-ئاخىر پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى، بۇ ھەم پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 70 نەچچە يىللىق تارىخ دەل جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تارىخ. پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلغانلىقى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چىن كۆڭلىدىن قوللىشىغا ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنلا، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ باردى، بۇ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىل مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى تەرەققىيات ئەڭ تېز، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ۋاقىت بولدى، خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىدىغان بولدى، پارتىيىمىزنىڭ ئابرويى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىش پارتىيىمىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ تۈپ سەۋەبى. بىز بۇندىن كېيىنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدە، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەردە باشتىن-ئاخىر مۇتلەق كۆپچىلىك خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىغا ئىگە بولغانلىقى پارتىيىمىزنى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش شارائىتىغا ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش ھەتتا چىرىكلىشىش، ئاينىش خەۋپىنىمۇ ئاشۇردى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپ خىللىشىش يۈزلىنىشى كۈندىن-كۈنگە روشەنلەشمەكتە، پارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ پارتىيە كادىرلىرى نۇرغۇن تەرەپلەردىن قىزىقتۇرۇشقا دۇچ كەلمەكتە، بۇ پارتىيىمىزنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى سىناققا يۈزلەندۈرمەكتە. بىراق ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتلىك خاراكتېرىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇشتەك تۈپ خىزمەت لۇشيەنىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ قانداق قىلىپ باشتىن-ئاخىر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىشى، ئەڭ كەڭ

خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلىشى ھەم مۇھىم نەزەرىيە مەسىلىسى، ھەم مۇھىم رېئال مەسىلە. يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىنىڭ باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىشى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىشى كېرەك.

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش.** ماركسىزم مۇنداق دەپ قارايدۇ: بىر پارتىيىنىڭ ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش-قىلالماسلىقى، ئاممىنى باشلاپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش-قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىنىڭ ئاچقۇچى ئىلمىي نەزەرىيىنى ئاساس قىلغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان سىياسىي لۇشيەنىنىڭ بولغان-بولماسلىقىدا. پارتىيىمىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تىكلىگەن ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسىنى، پۈتۈن جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈردى. ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ۋە قاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شەندۇڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش ناھايىتى تېز بولدى. 1999-يىلنى 1989-يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 129 مىليارد 390 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 766 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %13.3 ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆپەيمە قىممىتى 35 مىليارد 910 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 122 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، سانائەتنىڭ كۆپەيمە قىممىتى 51 مىليارد 390 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 325 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يەتتى، 3-كەسىپنىڭ كۆپەيمە قىممىتى 35 مىليارد 520 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 273 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا %5.9، %16.5 ۋە %13.7 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 10 مىليارد 90 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 40 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنى سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %23.8 ئاشتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. پۈتۈن ئۆلكىدىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 630.6 يۈەندىن كۆپىيىپ 2550 يۈەنگە يەتتى، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆز ئىختىيارىدىكى كىرىمى 1349 يۈەندىن كۆپىيىپ 5809 يۈەنگە يەتتى، نوپۇسنىڭ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %81 تىن كۆپىيىپ %91 كە يەتتى. تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر يۈز ئادەمگە 0.36 دانە تېلېفوندىن كۆپىيىپ ھەر يۈز ئادەمگە 10.6 دانە تېلېفونغا يەتتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى

بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 10.25 كۋادرات مېتىردىن كۆپىيىپ 13.11 كۋادرات مېترغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت، تەنتەربىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك گۈللەندى، خەلقنىڭ ئىدىيىۋى دۇنياسى ۋە روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى پارتىيىنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىگەنلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ سەممىيلىك بىلەن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىدا تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىقلاشنى، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ روھىنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىجادىي ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئىقتىسادنى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدۇرغىلى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرگىلى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، تىرىشىپ تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جياڭ زېمىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇنىڭدىن قەتئىي تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بۇ—پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يادروسى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بېيىپ، بەختلىك ياشىشىنىڭ

تۇپ شەرتى. "تەرەققىيات—چىڭ قائىدە" دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ھەقىقىي تۇردە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قەدىرلەپ، پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنى تېزدىن يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، ئومۇمەن ئۈنۈملۈك، سۈپەتلىك، زاپاس كۈچى بار قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئامالنىڭ بارىچە تېزراق قىلىش كېرەك. تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش، بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ ھەممىدىن مۇھىم ئىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. شەندۇڭ ئۆلكىسىدە دۆلەت كارخانىلىرىدىن 29241 بار، ئىشچى-خىزمەتچى 6 مىليون 904 مىڭ، بۇلارنىڭ ياراتقان بايلىقى پۈتۈن ئۆلكە ياراتقان بايلىقنىڭ %50تىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ. نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى، قايتا تەشكىللەش ۋە ئۆزگەرتىش، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مۇھىم ھالقىلارنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ۋە تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، بازار تەرتىپى ۋە بازار مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىش كېرەك. ئىقتىساد كونسېرى دۇنياۋىلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىقتىسادنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى بېكىتتۇق، بۇنىڭدىن مەقسەت ئىچكى-تاشقى ئىككى خىل بازار ۋە ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، "كىرگۈزۈش" ۋە "چىقىرىش" قەدىمىنى تېزلىتىپ، شەندۇڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ئېچىش.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە،باشتىن-ئاخىر دىققەت قىلىشقا ھەم ھەقىقىي ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بار:

بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چوقۇم كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىقتىساد بىلەن سىياسەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك خىزمەتنى توغرا نىشانغا قاراپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتىن ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە، مەسىلىلەرنى ئويلاشقا، سىياسەت بەلگىلەشكە ماھىر بولۇپ، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچى ۋە سەزگۈرلۈكنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل خاتا ئىدىيە، خاتا خاھىشلارنىڭ كاشىلىسىنى توسۇپ ۋە ئۇنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تىرىشىپ كۆپ سانلىق ئاممىنى ئىسلاھات-تەرەققىياتنىڭ نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. تەرەققىيات ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئاممىسىنىڭ

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە ئىپادىلىنىشى لازىم، بۇ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى ۋە ئالاھىدىلىكى. شۇڭا، جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئالدىن بېيىشىغا ئىلھام بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسىي كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشەش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش، مۇۋاپىق كىرىمنى قوغداش، قانۇنسىز كىرىمنى بىكار قىلىش، ھەددىدىن يۇقىرى كىرىمنى تەڭشەش، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە يېزىدىكى نامرات نوپۇسلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. مالىيە ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ ئىككى مەسىلە بىۋاستە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاۋۋال تۇتۇلىدىغان نىشان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، خەلقنى سۆيىدىغان، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، خەلقنى بېيىتىدىغان، خەلقنى خاتىرجەم قىلىدىغان نەمۇنىلەردىن بولۇش.** پارتىيىنىڭ ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىمى خىزمەت جەريانىدا خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، خەلقنى بېيىتىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش. خەلقنى سۆيۈش دېگەنلىك مۇستەھكەم مەقسەت كۆزقارىشى تىكلەپ، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر ھېسسىياتى بولۇش دېگەنلىكتۇر. ھازىر، بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ناھايىتى ئېغىر، ھەممە ئىشتا ئۆزى ئۈچۈن پىلان سوقىدۇ، ئىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە قانداق پايدىسى بارلىقىغا قارايدۇ، ئاممىغا نىسبەتەن ئەقەللىي ھېسسىياتمۇ يوق، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە جاپاسىنى كۆرمەسكە سالىدۇ، بىخەستەلىك قىلىدۇ، ھەتتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قايتا-قايتا سادىر قىلىدۇ. مۇشۇ ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى پارتىيىنىڭ مەقسىتىدىن تۈپتىن چەتلەپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. كومپارتىيە ئەزاسى بولغان كىشى چوقۇم ھەممىدە خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ھەممىدە خەلقنى كۆزدە تۇتۇش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىك، خەلق ھىمايە قىلىش-قىلماسلىق، خۇشال بولۇش-بولماسلىق، رازى بولۇش-بولماسلىقنى ھەق-ناھاقنى ئايرىش، قايسى ئىشنى قىلىش، قايسى ئىشنى قىلماسلىقنى بەلگىلەشتىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىپ، ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ ئىشىغا بېرىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. خەلق ئۈچۈن ئىشلەش دېگەنلىك خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئومۇمەن خەلق ئاممىسى ئېھتىياجلىق بولغانلىكى ئىشلارنى بىز تىرىشىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئاما كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، قانداق قىيىنچىلىقى بار، قانداق ياردەملەرگە مۇھتاج دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىمىزدە بىلىشىمىز، ئاممىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچ-

مەك، تۇرالغۇ، يۇرۇش-تۇرۇش، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئاممىغا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئەللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز، كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىشىمىز كېرەك. خەلقنى بېيىتىش دېگەنلىك ئەمەلداز بولۇپ ئىشلىگەن يەردە خەلققە بەخت يارىتىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىرەر جايدا ياكى بىرەر ئورۇندا ئۇزاق مەزگىل رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەپ، شۇ جاي، شۇ ئورۇننىڭ قىياپىتىگە ھېچ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىسەڭ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولسەن، كوممۇنىستلارنىڭ بۇرچىغا داغ تەگكۈز- گەن بولسەن. رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا، كەسپكە ھۆرمەت قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشى، قىياپەتنى ئۆزگەرتى- شى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك. خەلقنى خاتىرجەم قىلىش دېگەنلىك ئامما ئۈچۈن خاتىرجەم خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي ئامانلىقنى ئۈنۈملۈك تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي جىنايەت ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، تىرىشىپ ئىجتىمائىي ئادالەتنى قوغداپ، ئادىل رىقابەت ئېلىپ بارىدىغان، باراۋەر تەرەققىي قىلىدىغان ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىش كېرەك. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە- نىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەسئۇلىيىتى—ئىجتىمائىي ئادالەتنى قوغداش. رەھبىرىي كادىرلار ئىش بېجىرگەندە ئادىل بولۇشى، ھەققانىيەتنى ياقلىشى كېرەك، بولۇپمۇ كادىرلارنى تاللاش، يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كۆچۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلاردا، ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلىشىش، ئەلالىرىنى تاللاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئەخلاقىغا، قابىلىيىتىگە تايىنىپ، خىزمىتىگە، تۆھپىسىگە تايىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلەش ۋە شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىش يولىنى كېڭەيتىش كېرەك، بۇنىڭ بىلەن ئامما ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدىغان، داۋاسىنى سۆزلەيدىغان، دەرد-ئەلىمىنى ئېيتىدىغان يەر بولسۇن، ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر ئادىل ھەل قىلىنسۇن، يۇقىرىدىكى ئەھۋال تۆۋەنگە، تۆۋەندىكى ئەھۋال يۇقىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى يورۇشۇپ، خەلق ئىناق ئۆتىدىغان بولسۇن.

**تۆتىنچى، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش.** ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشتا مۇھىمى پارتىيىمىزنى ياخشى قۇرۇش. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”پۈتۈن پارتىيە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا ئاساسەن، ئىدىيە جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن، ئىستىل جەھەتتىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چىرىتىشنى توسۇپ ئاينىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى قىياپەت ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋار كۈچى بىلەن خەلقنى باشلاپ يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندىشى كېرەك.“ مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، يولداش

جىياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۈستىدە بىر قاتار مۇھىم تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىز ھەر خىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. شەندۇگىمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش پارتىيە قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇنداقلا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەتتا خىلاپلىق قىلىدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ غايە-ئېتىقادى چىڭ ئەمەس، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا ئاڭلىقلىقى يېتەرلىك ئەمەس، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە پەرقلەندۈرۈش كۈچى ئاجىز، خىزمەتتە بىر تەرەپلىمىلىك ئېغىر؛ بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى توغرا ئەمەس، بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق ئىستىلى ئېغىر، ئۇسۇلى ئاددىي، قوپال، خىزمىتى ئەمەلىيلەشمەيدۇ؛ بەزىلىرى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمىگەن بولۇپ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ؛ بەزىلىرى يالغانچىلىق قىلىپ رەھبەرلەرنى ئالدايدۇ، ئاممىنى ئاخماق قىلىدۇ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىدۇ، ھەتتا پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىدۇ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىدۇ، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىدۇ. بۇ مەسىلىلەر پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىغا ئېغىر تەسىر قىلدى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزدى، شۇڭا بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ مۇھىمى پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. يولداش جىياڭ زېمىن چوڭقۇر قىلىپ، پارتىيە ئىچىدە بەزى پاسسىپلىق-چىرىكلىكلەرنىڭ ساقلىنىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، خېلى بىر تۈركۈم جاي ۋە ئورۇنلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلىرى پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرمىغان، پارتىيىلىك كادىرلارنى بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلىشى، باشقۇرۇشى، نازارەت قىلىشى يېتەرلىك بولمىغان، دەپ كۆرسەتتى. ھەمدە پۈتۈن پارتىيىگە: "ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا ئەڭ تۈپ مەسىلە—دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. بەزى ئادەملەر شۇنىڭ ئۈچۈن سىناققا بەرداشلىق بېرەلمىگەنكى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇلاردا مۇشۇ تەرەپتىن مەسىلە چىققان. شۇڭا كوممۇنىزملىق غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى مۇستەھكەم كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار نىشان تىكلەشكە، يۈكسەك كىشىلىك تۇرمۇش غايىسى تىكلەش يېتەكلەش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار "جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە بولۇشى"، "غەم-قايغۇدا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى، راھەت-پاراغەتتە باشقىلار-

نىڭ كەينىدە تۇرۇشى"، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشى، ئىش بېجىرگەندە ئادىل بولۇشى، ئادەمنى جايىدا ئىشلىتىشى، ئىستىلى توغرا بولۇشى، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي ساپلىقى ۋە ئېسىل خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلىشى كېرەك. ئىدىيىۋى تەربىيىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە دىققەت قىلىش، قاتلامنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشىمىغان كەسىپ، ئوخشىمىغان ئورۇندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوخشاش بولمىغان شەكىلنى قوللىنىش، ئۇنىڭغا ماس تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش كېرەك. ماددىينىمۇ كۆرۈش، ئادەمنى تېخىمۇ كۆرۈش، ئىدىيىسىگە ھەقىقىي تەسىر قىلىش، مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا دائىم تەربىيە قىلىش ھەمدە ئىجابىي، سەلبىي ئىككى تەرەپنىڭ تېپىلىرىدىن پايدىلىنىپ تەربىيە قىلىش، بۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنى نىشانلىق ئۆگىنىدىغان، دائىم ھوشيار ھالەتتە تۇرالايدىغان قىلىش كېرەك.

نازارەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. كادىرلارنىڭ ھوقۇقى قانچە چوڭ بولسا، مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ، ئۇلارغا بولغان نازارەتمۇ شۇنچە قاتتىق بولۇشى كېرەك. بۇ پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچ. رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىياسىي جەھەتتە سەگەك بولغان-بولمىغانلىقى، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە ئادىل بولغان-بولمىغانلىقى، ئىش بېجىرىش جەھەتتە خالىس بولغان-بولمىغانلىقى، ئىستىلى توغرا بولغان-بولمىغانلىقى، ئۆزىنى پاك تۇتقان-تۇتمىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە قويۇلۇشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپنى تەكىتلەش، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمەن مۇھىم قارارلارنى، مۇھىم خىزمەتلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە ئارقىلىق بەلگىلەش كېرەك، شەخس ياكى ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بەلگىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇشتا "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنى ۋە ھەم ئىختىساسلىق ھەم ئەخلاقلىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي رەسمىيەتنى چىڭىتىش، ئۆتكەلنى قاتتىق تۇتۇش، ئادەم ئىشلىتىشتە بىپەرۋالىق قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى دەرىجىمۇ دەرىجە قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ خەۋەردار بولۇپ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. رەھبىرىي كادىر بولغان كىشى ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويۇپ، نازارەتنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. يېقىندا ئۆلكىلىك پارتكومىمىزنىڭ دائىمىي ئەزالىرى "ئۈچ ماددىلىق بەلگىلىمە"نى بەلگىلىدۇق: بىرىنچى، مەنسەپ كويىدا قاترايدىغان، ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي توسۇش، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىرىنى ئىزدەپ ئەمەل تەلەپ قىلغانلارغا نەق مەيداندا قاتتىق تەنقىدىي تەربىيە بېرىش، ۋەدە بەرمەسلىك، ياخشى گېپىنى قىلماسلىق، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپىلاپ قويماسلىق؛ ئىككىنچى، سوۋغا تەقدىم قىلىش ناچار شامىلىنى باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق توسۇش، ئومۇمەن شەخسكە سوۋغا قىلىنغان پۇل ياكى قىممەت باھالىق بويۇملارنى بىردەك قوبۇل قىلماسلىق ھەم سوۋغا تەقدىم قىلغان ئادەمنى نەق مەيداندا تەنقىد قىلىش؛ ئۈچىنچى، جورىسى ۋە پەرزەنتلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش،

ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىر دائىرىسىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي پايدا كۆزلىشكە يول قويماسلىق، جورىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆلكە ئىچىدە كارخانا ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلىشىغا يول قويماسلىق. مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلماي ئېغىر مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنى چىڭىتىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قولغا ئېلىپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش، ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكنى ئەسكەرتىش، دەپ قويۇشقا تېگىشلىكنى دەپ قويۇش، چەكلەشكە تېگىشلىكنى چەكلەش كېرەك، مانا بۇ يولداشلارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىك، ھەقىقىي ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. چىرىكلىك ھادىسىسى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتى بىلەن خۇددى سۇ بىلەن ئوتتەك چىقىشالمايدۇ، بۇ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي ئامىل. چىرىكلىكنى ۋە چىرىك ئۇنسۇرلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك، ھەرگىزمۇ يامانىنى رايىغا قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، ئاممىغا جاكارلاش، شۇ ئارقىلىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور ھەيۋەت پەيدا قىلىش كېرەك. ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىش بىلەن ناچار ئىستىللارنى قاتتىق تۈزىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، شامالغا قارشى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى، شامالغا قارشى ئەنزە تۇغدۇرغانلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛ مەبلىسى كۆپ، ئاممىنىڭ پىكرى چوڭ بىراق پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا توشمايدىغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا قارىتا كەسكىن تەشكىلىي تەدبىر قوللىنىپ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، تەڭشەشكە تېگىشلىكلىرىنى تەڭشەش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچانلىقى ئۈستىدە قىلىشقا يول قويمايدىغان بىرقانچە ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىمۇ بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇنىڭ ئاچقۇچى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. بەلگىلىمىنى ياخشى ئىجرا قىلمىغان ياكى ئىجرا قىلماي تۇرۇۋالغانلارنى ئىنتىزام بويىچە قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، پارتىيە ئىنتىزامى، پارتىيە بەلگىلىمىسىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى قوغداش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پاسسىپلىق-چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراقنى توختىماي يوقىتىپ، مېخانىزم ۋە تۈزۈم جەھەتتىن مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق چىرىكلىك ۋە چىرىك ئۇنسۇرلارنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپ، پارتىيە بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىمىزنىڭ مەڭگۈ ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى چوقۇم ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ئاممىغا بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ، ئاممىغا كۆپ ھاللاردا ئاساسىي قاتلام

كادىرلىرى ئارقىلىق پارتىيىمىزنى كۆزىتىدۇ، پارتىيىمىزگە باھا بېرىدۇ. شۇڭا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادنىڭ، جەمئىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ھەر بىر ئاساسىي قاتلام تەشكىلات ۋە ھەر بىر پارتىيىلىك كادىرنىڭ ئىدىيىسى، ئىستىلى ۋە تەشكىللىچانلىقى، ئىنتىزامچانلىقىدىن باشلاپ تۇتۇش، قەتئىي بوشاشماي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش كېرەك. تۆت تەرەپتىكى مەسىلىنى گەۋدىلىك ھەل قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ئاممىۋى كۆزقاراش مەسىلىسى، مەقسەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرىلاش؛ ئىككىنچى، زاۋۇت ئىشلىرىنى، كەنت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش مەسىلىسى، ئومۇمەن ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاممىغا ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئاممىغا خىزمەت قىلىش مەسىلىسى، ئاممىنى ھەققىي بېيىش يولىغا ئېلىپ مېڭىش؛ تۆتىنچى، ئىستىلنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى، ئاممىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش.

بىز يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى چوڭقۇر تونۇۋاساق ۋە مەھكەم ئىگىلىسەك ھەم ئۇنى ئىدىيىمىزگە، ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرساقلا، چوقۇم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشىنىشىگە ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك يۈكسەك بۇرچنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتالايمىز.

**(ئاپتور: ج ك`پ شەندۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)**

**تەرجىمە` قىلغۇچى: قاھار پولات**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

جاڭ جۈنجيۇ

جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش پارتىيىمىز ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان تۈپ يېتەكچى فاڭجېن، شۇنداقلا پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېتەكچى فاڭجېنلاردىن بىرى. 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، مۇشۇ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئىشچىلار سىنىپى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئېلىمىز ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرى جەريانىدا، ئىشچىلار سىنىپى يەنىلا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق كۈچى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىزچىل ھالدا، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى ۋە پۈتۈن جەريانىدا، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش لازىم، دەپ تەكىتلەپ كەلدى. يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە بېرىپ تاقىلىدىغان ھەر قېتىملىق سۆزىدە، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي پرىنسىپنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، ھەم مۇشۇ تۈپ سىياسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇن تەلەپ، ئۇسۇل ۋە چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بەزى زور مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا، بۇ پرىنسىپ ۋە مەزمۇنلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ ئېنىق بولغان كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەسىلەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش،

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەلەپلەر تەكىتلەندى. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم باياناتلىرى ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى ۋە رولىنى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ جىددىيلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۆزىنىڭ جىددىيلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي ھالقا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپا-مۇشەققەتلىك ۋەزىپە، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھەم نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۆرۈپ، ھەم كۆپلىگەن پايدىلىق شارائىتلارنى كۆرۈپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىشقا يېتەكلەش لازىم؛ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسىي ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، "ئۆچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمى بىلەن ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈمىگە ھۆكۈم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىسىنى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، كۈچىنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم؛ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش، دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا ئىستراتېگىيىلىك قايتا تەشكىللەش ۋە كارخانا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلار ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، ئىسلاھات جەريانىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇپ، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، ئۇلارغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش، ئىشىنىش ۋە تايىنىش لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا قارىتا كۈچلۈك ئارزۇ ۋە تەلىپى بار، ھەم كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە جاسارەت بىلەن قاتنىشىش قىزغىنلىقى بار. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىلا كارخانىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالماستىن، ئىسلاھاتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە كارخانىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدىمۇ ئوخشاشلا مول ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە، ئوخشاشلا چارە-تەدبىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئوخشاشلا ئاساسىي كۈچ. بىز ئىشچىلار سىنىپىغا يېقىندىن تايىنىپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىغاندىلا، ئاندىن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تۈردە پۈتمەس-تۈگىمەس زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىدا شىركەت ئىچىدىكى قانۇنىي ئىگىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغان، ماس قەدەمدە ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئۈنۈملۈك كونترول قىلىدىغان ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە قوللاپ، كارخانىنىڭ ئىسلاھ قىلىش، قايتا تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانىنىڭ ئۇمۇمىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش، ناچارلىرىنى شاللاش مېخانىزمى، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ، تۆۋەنلىتىشكىمۇ بولىدىغان مېخانىزم، خادىملارنى قوبۇل قىلىشقىمۇ، بوشىتىشقىمۇ بولىدىغان مېخانىزم، كىرىمنى ئاشۇرۇشقىمۇ، ئازايتىشقىمۇ بولىدىغان مېخانىزم، ئىچكى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمى، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش مېخانىزمى قاتارلىق مېخانىزملار ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە مۇناسىپ كىرىم تەقسىمات تۈزۈمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش؛ كارخانىنىڭ تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە بەرپا قىلىپ، ئۇل خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ۋە ياخشىلىشىنى قوللايدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش؛ كارخانىنىڭ تەننەرخ باشقۇرۇش، مەبلەغ باشقۇرۇش ۋە سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قوللاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش بىلەن كەسپىي باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر كۆرۈشنى يولغا قويۇپ، تەدبىر كۆرۈش ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان قىلىش لازىم.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالايدىغان ئەمگەك مۇسابىقىسى، ئەقلىگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ھەمكارلىقى، كەشپىيات يارىتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىقتىساد-تېخنىكا ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشقا يېتەكلەپ

ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى ئاكتىپلىق، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىجادكارلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى بويىچە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تىرىشىپ ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كارخانىنىڭ پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى، بازار رىقابىتى ئىقتىدارى، خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە كارخانىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان قىيىن مەسىلە ۋە زىياننى تۈگىتىش، پايدىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، بازارنى ئېچىش، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىش قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ ۋە ئۇلارنى يېتىشىۋېلىش نىشانى قىلىپ، ئەلا نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش لازىم.

بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزدىكى پۈتكۈل مەقسىتىمىز ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ئوبدان ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوبدان قوغداش ۋە ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇش. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى باشتىن-ئاخىر تىرىشىپ قوغداش، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمان قىلىش لازىم. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش تۈرلۈك تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. جۈملىدىن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىشكە قاتنىشىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قانۇن ۋە سىياسەت جەھەتتىن قوغداش لازىم؛ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىجتىمائىي مەنپەئەت ۋە ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەتلەرنى تەڭشەشكە پائال قاتنىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەڭشەش يولى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش لازىم؛ باراۋەر مەسلىھەتلىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام قاتارلىق تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەمكارلىق كاپالەت مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى پائال يولغا قويۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ھەققىي ياردەم بېرىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش يولى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسا-

دىي مەنپەئەتىنى قوغداش لازىم.

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، ماكرو قاتلامدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە سىياسەت بەلگىلەشكە قاتنىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم، ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى ئىپادىلەپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، دۆلەت خوجايىنلىق تولۇق ھوقۇقلىرىنى تولۇق يۈرگۈزۈشى ئارقىلىق، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن، مەنبە جەھەتتىن قوغداش لازىم. نۆۋەتتىكى مۇھىم بىر ئىش شۇكى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسلاھات سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرىنى بېكىتىشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، «ئەمگەك قانۇنى» بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان ئەمگەككە ئائىت قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇناسىپ بولغان قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، مەنبە جەھەتتىن قاتنىشىش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقە (بىرلەشمە) يىغىنى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىش لازىم. مىكرو قاتلامدا، جان-دىل بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانا باشقۇرۇش ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە، تۈزۈم ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىشنى تېزلىتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشنى كونكرېت تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئېلىمىزنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ دېموكراتىك تەدبىر كۆرۈش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش جەريانىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، كارخانىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك، ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلىلىرىنى يەنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ نازارەت قىلىشىنى كۈچەيتىش ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىك باھالاش ۋە دېموكراتىك سىناشنىڭ نەتىجىسىنى كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىش لازىم. كارخانىلارنىڭ كەسپىي كۆتۈۋېلىش راسخوتىنىڭ ئىشلىتىلىش

ئەھۋالى ۋە كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش ئەھۋالىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېنىق تەلەپكە ئاساسەن، شېرىكسىز دۆلەت شىركەتلىرى بىلەن پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان شىركەتلەرنىڭ مۇدىرىيىتى ۋە نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە "ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇش" لازىم، بۇ دۆلەت كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشتىكى روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈرۈمدىكى يېڭىلىق. شېرىكسىز دۆلەت شىركەتلىرى بىلەن پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلغان شىركەتلەرنىڭ مۇدىرىيىتى ۋە نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى قانۇن بويىچە شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش-قۇرۇلمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ مەنبە جەھەتتىن كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشى ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ تۈزۈلمە ۋە مېخانىزم جەھەتتىكى مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تەدبىر كۆرۈشنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ، دېموكراتىيىلەشتۈرۈپ، كارخانا ئىچىدىكى قانۇنىي ئىگىنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر. بىز مەركەزنىڭ بۇ تەدبىرىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېلىمىزنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسىغا قارىتا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزملىق ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ۋەزىيەت تەربىيىسى، سىياسەت تەربىيىسى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلىشىمىز لازىم؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بىلىم كۆزقارىشى، يېڭىلىق يارىتىش كۆزقارىشى ۋە ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش ئېڭىنى تىكلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۇنيا پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئەقلىي ئىگىلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، يېڭى بىلىم، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ماھارەتلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگەللەپ، خىزمەت ئورنى ئۈستىدىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ۋە ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ۋە بازار رىقابىتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالايدىغان يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەردىن بولۇپ چىقىشقا يېتەكلىشىمىز ۋە تەربىيىلىشىمىز لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كارخانىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى ۋە كارخانا مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە قارىتا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان

ئىسلاھات، ئىگىلىك يارىتىش ئىگى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئىگى، رىقابەت ئىگى، ئۈنۈم ئىگى، سۈپەت ئىگى، پايدا ئىگى قاتارلىق ئاڭلارنى تىكلەپ، ۋەزىيەت، ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالايدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك كارخانا مەدەنىيىتىنى يارىتىشىمىز لازىم. پائال ئالغا باسىدىغان، يول ئېچىپ ئىگىلىك يارىتىدىغان كارخانا روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىي كەسىپ، مەدەنىي كارخانا، مەدەنىي سېھنا-گۇرۇپپا بەرپا قىلىش ۋە مەدەنىي ئىشچى-خىزمەتچى بولۇش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت ئورنىنى سۆيىدىغان ۋە كەسپىنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەمىمىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان ياخشى كەسپىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئىستىلنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ياخشى، مۇقىم مۇھىت بولۇشى لازىم؛ مۇقىملىق — دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى. بىز ھەم تىرىشىپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭى قەدەم بېسىشىمىز، ھەم ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا پائال ھەمكارلىشىپ، ئىسلاھات سالمىقى، تەرەققىيات سۈرئىتىنى جەمئىيەت ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتىنى قوغداش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى يېتەكلىشىمىز، ياخشى قوغدىشىمىز ۋە ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئىسلاھات جەريانىدىكى ھەر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھىلىرىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كەڭ قوللايدىغان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىشىمىز كېرەك. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ھادىسىلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلىشىمىز ۋە تەربىيىلىشىمىز لازىم.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، پارتىيىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان كۆۋرۈكى ۋە ۋاستىسى بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئومۇمىي كۈچ قۇرۇلمىسىدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئالاھىدە، كەم بولسا بولمايدىغان ئورنى ۋە رولى بار. 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنىڭ تەكىتلىنىشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغداش فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشى ۋە ئادا قىلىشى ئۈچۈن يېڭى تەرەققىيات زېمىنىنى ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىمۇ ئېلىپ كەلدى. بۇ پۇرسەت يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئاساسلىقى

تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، «قارار» سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرىپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ئىككىنچى، «قارار»دا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بۇ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىغا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەڭداشسىز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىلدى؛ ئۈچىنچى، «قارار»دا ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پۈتۈن پارتىيىگە ئېنىق تەلەپلەر قويۇلۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى تاشقى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىلدى؛ تۆتىنچى، «قارار»دا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى. بىز چوقۇم بۇ مۇھىم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق قوزغايدىغان ۋە جارى قىلدۇرىدىغان بولساقلا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز!

**(ئاپتور: مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ 1-شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان ئوبزورچىسى

بۇلتۇر 9-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر»نى تارقاتتى. يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن «مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە قىلىنغان سۆز»نى ئېلان قىلغاندا، يەنە نۆۋەتتىكى ھالدا ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ھەققىدە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائارىپ ۋە ياش-ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش بىزنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقىمىزغا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقىمىزغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. 4-ماي ياشلار بايرىمى كېلىش ھارپىسىدا، مەملىكىتىمىز ياشلار ھەرىكىتىنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى پارتىيىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە يېتەكلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قانات يايدۇرغان تازا ئۈنۈملۈك ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش پارتىيىمىزنىڭ ياش زىيالىيلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان مۇھىم ئەڭگۈشتىرىدۇر.

پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۈچىلىسى ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۇرۇش يىللىرىدىلا پۈتۈن پارتىيىدىن زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىدىكى مۇھىملىقىنى چۈشىنىشنى، ئۇلارنى "ھەر ساھەگە قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش"نى تەلەپ قىلغانىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ زىيالىيلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى "ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئاجىز بولۇش" مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، "ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش زۆرۈر"لۈكىنى كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش لازىملىقىنى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، "بولۇپمۇ بىزنىڭ كېيىنكى بىر ئەۋلاد، ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنى چوقۇم كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايە تىكلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم"لىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ ياش زىيالىيلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈپ،

قايتا-قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”ياش زىيالىيلارغا قارىتا، بىز ھەم قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يۈرەكلىك ئىشلىتىشىمىز، ھەم قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پائال يېتەكلىشىمىز لازىم.“ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىكى تەجرىبىلەر شۇنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار قاتناشمىسا، ئىنقىلاب ئىشلىرىمۇ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ ۋۇجۇدقا چىقالمايدۇ. تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھازىرقى تارىخىي دەۋردە، جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ زىيالىيلىرىغا ھېچقاچانمۇ بۈگۈنكىدەك بۇنداق كەڭ، بۇنداق جىددىي تەلەپ قويۇپ باققان ئەمەس. ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىش، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زىيالىيلارنىڭ جۈملىدىن ياش زىيالىيلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ”ياش زىيالىيلار مەملىكىتىمىزنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىدا ئاز كەم يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار تۈرلۈك ئىشلاردا ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش-يېتىلمەسلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك.“ ياش زىيالىيلار زىممىسىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپە ئۇلارنىڭ داۋاملىق ھالدا توغرا يولنى بويلاپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، توغرا، كۈچلۈك، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بولسا دەل ياش زىيالىيلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم شەرتتۇر.

شەك-شۈبھىسىزكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياش زىيالىيلىرى گۈزەل غايە ۋە ئالىيجاناب ئېتىقادقا ئىگە، ئۇلار دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك سەممىي ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ۋەتەننى، خەلقنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىدۇ، ئالغا ئىنتىلىدۇ، ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. كەڭ ياش زىيالىيلار زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە تۆھپە ياراتتى، بىر قىسىملىرى تېخى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقتى. زىيالىيلار بىلەن ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىمۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۆزئارا بىرلەشتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىمكى، ياش زىيالىيلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەزى ئاجىزلىقلىرىمۇ بار، خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۇلار ”كۆپىنى كۆرمىگەن، ئەمەلىي تەجرىبىسى بىرقەدەر ئاز، جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش تارىخى بىلەن ئانچە تونۇش ئەمەس، ئۇلاردا بەزى ئاجىزلىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت“. ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى يېڭىشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. ئىسلاھات مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىرگەن ۋە تەرەققىيات ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، ئىجتىمائىي ئەھۋالدا مۇرەككەپ ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، بۇ ھال ياش زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى يېڭى سىناققا

دۇچار قىلدى، ياش زىيالىيلارنىڭ ئىدىيىسىدە شۇ سەۋەب بىلەن پەيدا بولغان گاڭگىراشلار ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە ۋە يېشىپ بېرىشكە مۇھتاج. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزنى "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" نىيىتىدىن بىردەممۇ يانغىنى يوق، ئۇلار مەملىكىتىمىزگە قارىتا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ۋە ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتلەردىن سىڭىپ كىرىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تۈرلۈك شەكىللەر، ۋاسىتىلەر ۋە يوللار ئارقىلىق غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە قىممەت قارىشىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىلىندۇرمەي قالايمىقانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" قەستىنىڭ بىر مۇھىم نىشانى بولسا ياشلار بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" ۋە ياشلارنى تالىشىش قەستىگە تاقابىل تۇرۇش پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ مەنىۋى تۈرتكە بىلەن تەمىن ئېتىشىگە، جامائەت پىكرى جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بېرىشىگە تېخىمۇ مۇھتاج. كۆپ يىللىق تەجرىبىلەر ۋە ساۋاقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى سەپلەردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئاجىزلىتىشقا بولمايدۇ.

ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، غايە-ئېتىقاد تەربىيىسىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى مەھكەم تۇتۇپ، "تۆتتە ئىگە" يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى تۈپ نىشان قىلىش لازىم. توغرا نەزەرىيە بىلەن ياش زىيالىيلارنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ، سىياسىي پرىنسىپ ۋە سىياسىي يۆنىلىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە مېڭىنى سەگەك تۇتالايدىغان، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان، مەيداندا چىڭ تۇرالايدىغان قىلىش كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، ئۇلار ئاندىن ماركسىزمغا يات ياكى ماركسىزمغا قارشى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق ھالدا توسىيالايدۇ. ياش زىيالىيلارنى تارىخنى ئۆگىنىشكە ۋە دۆلەت ئەھۋالىنى تونۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، بولۇپمۇ ياش زىيالىيلارغا قارىتا جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان تارىخى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلغان ئىنقىلاب تارىخى، قۇرۇلۇش تارىخى ھەققىدىكى تەربىيىنى، شۇنداقلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى رېئال تەربىيىنى ھارماي-تالماي ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ياش زىيالىيلارغا "سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ"، "كومپارتىيە بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى" دېگەندەك چوڭقۇر داۋىللارنى ھەقىقىي ئېنىق تونۇتۇش لازىم. غايە-ئېتىقاد تەربىيىسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بىلەن چوڭقۇر بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ ياش زىيالىيلارغا نۆۋەتتىكى جۇڭگودا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن بىردەكلىكىنى، ۋەتەننى سۆيىدىغان ئالىيجاناب ھېسسىياتقا ھەقىقىي ئىگە بىر ياشنىڭ چوقۇم چىن كۆڭلىدىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ھىمايە

قىلدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا پائال ئاتلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش لازىم. ياش زىيالىيلارنى باش-تىن-ئاخىر ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش بىلەن ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشنى بىرلەش-تۈرۈشتە، كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىشنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن ۋەتەنگە، خەلققە خىزمەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، توغرا بولغان ئۆسۈپ يېتىلىش يولىدا مېڭىشقا يېتەكلەش كېرەك.

ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، ئالىي مەكتەپ-لەرنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم. ئالىي مەكتەپلەر چوقۇم قەتئىي، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ بىرىنچى ئورنىغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”ئىدىيىۋى-سىياسىي سىياسەت ئەڭ مۇھىم سىياسەتتۇر. ئۇقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيىسىنى ئۈزلۈك-سىز كۈچەيتىش—سىياسەت تەربىيىسىنىڭ جېنىدۇر“ دېگەن ئىدىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئەقلىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ ئەخلاقىي تەربىيىگە سەل قاراش، كىتابىي بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە سەل قاراش، ئۆلۈك يادلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە سەل قاراش، مەكتەپ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ ئىجتىمائىي تەربىيىگە سەل قاراش ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ”دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈش“، ”دەرسخانىغا كىرگۈزۈش“تە، ماركسىزمغا مەكتەپلەرنىڭ ”مۇنبەر“، ”مەتبۇئات“نى مەھكەم ئىگەللىتىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش جەھەتتىكى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، ماركسىزمغا يات ھەتتا ماركسىزمغا قارشى خاتا كۆزقاراش ۋە ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي بازىسىنى ئىگەللەپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجى-دە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ياش زىيالىيلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان بىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگەللىشى، ئىلغارلىق تەلپىنى كەڭلىك تەلپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشىمىغان ئوبيېكت، ئوخشىمىغان ئەھۋال، ئوخشىمىغان مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ نىشانلىق ئۇق ئاتقان ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، بىر ئاچقۇچ بىلەن بىر قۇلۇپنى ئېچىشى كېرەك. ياش زىيالىيلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى تەلپى ۋە قىممەت يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، نۆۋەتتىكى ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى ھەمدە ئۇنىڭ ياش زىيالىيلارغا بولغان تەسىرىنى تەھلىل قىلىپ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى

توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يېڭى قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، يېڭى يول ئېچىشقا، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىگەللەشكە، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئېتىبار بېرىش لازىم. بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ياش زىيالىيلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، قابىلىيەت ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. تەشۋىقات-جامائەت پىكرى بازىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت تۇشۇغۇچى ۋە ۋاسىتىلىرىنى يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىپ، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، توغرا كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، خاتا ئىدىيىلەرنى ۋاقتىدا كۈچلۈك تەنقىد قىلىپ ۋە تۈزىتىپ، ياش زىيالىيلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئىگەللەش پۈتۈن پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇلۇغ سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى؛ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت—ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى. ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياش زىيالىيلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# پارتىيىنى باشقۇرۇشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش لازىم

## —جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسرات

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ”دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم، پارتىيىنى باشقۇرۇشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش لازىم.“ بۇ ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم پارتىيە قۇرۇش ئىدىيىسىدۇر. بىز چوقۇم مۇشۇ مۇھىم ئىدىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر قاتار كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، پارتىيىمىز جەڭگىۋارلىققا ئىگە، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار قوشۇنى ياخشى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي ئېقىمى ياكى ئاساسىي تەرىپىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئەمما شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدە بەزى سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەرمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بەزى ئېنىرت، پاسسىپ ھەتتا چىرىك نەرسىلەر پەيدىنپەي باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، پارتىيىنىڭ تېنىنى ھەر جەھەتتىن چىرىتىپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بەزى پارتىيىلىك كادىرلار ئىچىدە غايە، ئېتىقاد جەھەتتە تەۋرىنىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي

نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە پروگراممىسىدىن چەتلەش، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش، ھەتتا چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىش، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى بۇزۇش ئەھۋاللىرى پات-پات يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئەلۋەتتە مۇرەككەپ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەسى بار. ئەمما پارتىيىمىزنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى شۇكى، خېلى بىر قىسىم جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبەرلەر پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرمىدى، پارتىيىلىك كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى يېتەرلىك بولمىدى، بۇ جايلار ۋە ئورۇنلاردا پارتىيىنىڭ پارتىيىنى باشقۇرۇش مەسىلىسى تېخى ھەقىقىي ھەل قىلىنمىدى.

بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىغان بولغاچقا، بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇشتەك ئېغىش كېلىپ چىقتى. بۇ — سىياسىي ئاڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا مېخانىك ماتېرىيالىزم ۋە مېتافىزىكىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىنكاسى. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، ھەممىگە رەھبەرلىك قىلغۇچى پارتىيە. پارتىيىمىز ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مېگىسى ياكى مەركىزىي نېرۋىسى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىمى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام، تەشكىلىي ئەھۋالىغا ۋە جەڭگىۋار كۈچىگە، رەھبەرلىك سەۋىيىسىگە باغلىق. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەر جەھەتتىن ھەقىقىي ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ۋە مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ قاتلامۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئاندىن دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر كۆرۈش، ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىققىلى، ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن باشقا ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى، ئاندىن ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىكى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىش ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى ئاشۇرغىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى بۇ ئەڭ جانلىق ئامىلنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە، كۈچلۈك ئەقلىي مەدەتكە، مۇستەھكەم رەھبەرلىك كاپالىتىگە ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەردە پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرمايدىغان، تەشكىلات چېچىلاڭغۇ، ئىدىيە قالايمىقان، قانۇن-ئىنتىزام بوشاپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى ئىجرا قىلىنماسلىق، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، خاتا تەدبىر كۆرۈپ قويۇش، چىرىكلىك يامراپ كېتىش، دۆلەت مۈلكى زىيانغا ئۇچراشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ-دە، قانداقمۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ پاكىت قايتا-قايتا بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى

كى، قەيەردە پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلسا، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى پۇختا، ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدۇ؛ قەيەردە پارتىيىنى باشقۇرۇش قاتتىق بولمىسا، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى قالايمىقان، جانسىز بولىدۇ، ۋاقتىنچە يۈكسەلگەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: ”بىر سىنىپ ئەگەردە مەسىلىگە سىياسىي جەھەتتىن توغرا قارىيالمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، **شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىمۇ** ئورۇندىيالمايدۇ.“ بۇ ئىلمىي ھۆكۈم تا ھازىرغىچە يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز جۈڭگو كوممۇنىستلىرى ئۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا كوممۇنىستلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغۋار روھ كەمچىل، ئۇلار ”ياخشىچاقلىق“ ۋە چاكىنا چۈپرەتچىلىككە بېرىلىدۇ، خاتا ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلمايدۇ، ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلمايدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىگە يېقىن بولغان تونۇشلارغا، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەلەيدىغان ”قابىلىيەتلىك كىشىلەر“گە، تەسىرى بار ئاتالمىش ”داڭلىق كىشىلەر“گە، مۇھىم ئورۇندا تۇرغان ئاتالمىش ”مۇھىم زاتلار“غا، شۇنىڭدەك ئارقا كۈرۈنۈشى بار كىشىلەرگە ۋە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا مەسىلىسى ئېغىر بولسىمۇ كۆپىنچە كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ، ھەتتا يامانلىقىنى رايىغا قويۇپ بېرىدۇ، بار كۈچى بىلەن قانات ئاستىغا ئالىدۇ. بۇ توغرا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ۋە مەيداندىن ئېغىر دەرىجىدە چەتلەپ كەتكەن چىرىك، چاكىنا ئىدىيە ۋە ئىستىلدۇر. پارتىيىمىز بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىغا ئوخشاش كىچىك گۇرۇھ بولماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت تەشكىلاتى؛ پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋىجدانلىق ئاساسىدا ئۇيۇشقان جاھان كېزەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ئورتاق كۈرەش نىشانى ئاساسىدا ئورنىتىلغان يولداشلارچە مۇناسىۋەت؛ پارتىيىمىزنىڭ مەقسىتى شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش بولماستىن، بەلكى جان-دىل بىلەن ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كۆزلەش. پارتىيىمىزنىڭ بۇنداق ئىلغارلىقى، بىردەكلىكى ۋە ئىنقىلابىيلىقى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى كۈرەش قورالىنى چوقۇم قولغا ئېلىشى كېرەكلىكىنى، ”ياخشىچاقلىق“ ۋە چاكىنا چۈپرەتچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ”ياخشىچاقلىق“ ۋە چاكىنا چۈپرەتچىلىك ھەم چىرىكلىكنىڭ ئىپادىسى، ھەم چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشىگە ئىمكان بېرىدىغان پارنىكتۇر. ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدۇ. ئىدىيىۋى مەنبەسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تار ئېڭىنىڭ ۋە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق كۆزقارىشىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئىنكاسى. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىل كونا ئاڭ ۋە كۆزقاراشتىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈش كېرەك.

بەزى پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى ”سول“چىل خاتا ئۇسۇل بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ”قاتتىق“ باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى ”سول“چىللىق دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن خاتا نەرسىلەرگە قارىتىلغان تەنقىد ۋە كۈرەشتىن ۋاز كېچىدۇ. بۇ پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتىكى بىر چوڭ ئىدىيىۋى

تۇسالغۇدۇر. مۇشۇ تۇسالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ تارىخىي ساۋاقنى توغرا يەكۈنلىمەي، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش مەسىلىسىگە پاسسىپ مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. پارتىيىمىز تارىخىدا "سول" چىللىق خاتالىقى ھەقىقەتەنمۇ يۈز بەرگەنىدى. بۇنداق تارىخىي ساۋاقلارنى چوقۇم ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، لېكىن بىز گالغا تۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ تاماق يېمەيدىغان يولنى تۇتۇپ، بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى قانداقمۇ "سول" چىللىق دەپ قارىغىلى بولسۇن؟ ھەممىگە مەلۇمكى، "سول" چىللىقنىڭ ئىپادىسى يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈش، چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈش، شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش، رەھىمسىز زەربە بېرىش، ئۇنىڭ زەربىسىنى يېگەنلەر كۆپىنچە توغرا ئىشلار ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى يولداشلار، ئۇنىڭ نەتىجىسى پارتىيىۋىلىك، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئىشلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش دېگەنلىك پارتىيىنىڭ پرىنسىپى ۋە ئىنتىزامى بويىچە پارتىيىلىك كادىرلارغا قارىتا قاتتىق تەلەپ قويۇش، قاتتىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ۋە سىياسەتنى ئىگىلەش ئاساسىدا ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ناتوغرا كەيپىيات ۋە چىرىكلىكلەرگە زەربە بېرىش دېگەنلىكتۇر، ئۇنىڭ نەتىجىسى پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشى، پارتىيىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە بىرلىككە كېلىشى، پارتىيە تەشكىلىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىدىن ئىبارەت. ئىككىسىنىڭ پەرقى ئوپئوچۇق تۇرسا، قانداقمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولسۇن؟ خاتا خاھىشلارنى، چىرىكلىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىش، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشلا توغرا بولامدىكەن؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قاتتىق دېگەنلىك ئۆلچەم دېمەكتۇر، سالماق دېمەكتۇر، كاپالەت دېمەكتۇر. چىرىك ئۇنسۇرلارغا قارىتا ئېغىر جازا قوللىنىش كېرەك. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، ھەممەيلەن ئىناق ئۆتكەندە، تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىش قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككىنچى بىر جەھەتتىن پارتىيىلىك يولداشلارغا زەخمە يېتىدۇ، پارتىيە تەشكىلىنى ۋە پارتىيە ئىشلىرىنى پارچىلايدۇ. بەزى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار تەربىيە ۋە نازارەتچىلىكنىڭ يېتەرسىز بولۇش سەۋەبىدىن چوڭقۇر پاتقاققا پېتىپ قالدى، بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇزاق مۇددەت ئاجىز، تارقاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەچكە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ پاكىتلار بىزنى ئويغىتىدىغان سىگنال ئەمەسمۇ؟ بەزى يولداشلارنىڭ كاللىسىدا بۇنداق ئىدىيىۋى تۇسالغۇنىڭ بولۇشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلاردا ئىش ئەپلەشمەي قېلىپ ئۆزەمگە گۇناھ ئارتىۋالماي دەيدىغان شەخسىي غەرەز بولغانلىقىدىندۇر. بۇ غەرەزنىڭ ئۆزى پارتىيىۋىلىكى يېتەرسىز بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، بۇ ئالاھىدە ئورۇن بىزنىڭ پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشىمىز زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن؛ پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، خەلق ئاممىسى بىزدىن پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى جىددىي ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسى بىزدىن

پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار باشتىن-ئاخىر مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇشى، باشتىن-ئاخىر پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تۈپ مەقسىتى—يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىمىزنى ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تارىخىي ۋەزىپىنى تېخىمۇ كۆتۈرەلىگۈ روھ ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن زىممىسىگە ئالىدىغان قىلىش. رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى ياخشى تەرتىپكە سېلىش لازىم، بۇ—پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشنىڭ ئاچقۇچى. رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى ياخشى تەرتىپكە سالغاندىلا، ئاندىن كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە تىكلىگىلى، ئاندىن پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ياخشى رەھبەرلىك قىلغىلى، ئۇنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە، پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان يارىتىلغان نۇرغۇن يېڭى تەجرىبىلەرگە ئىگە. بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك. پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇشقا دائىر بىر يۈرۈش تۈزۈم ۋە مېخانىزمنى بەرپا قىلغان، مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە كۈچلۈك يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن پارتىيىمىزنى تەشكىلىي جەھەتتىن تېخىمۇ مۇستەھكەم، ھەرىكەت جەھەتتە تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەن، تېخىمۇ ئىتتىپاق، كۈچلۈك، تېخىمۇ كۆتۈرەلىگۈ روھلۇق بولغان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆسكەندە، ئاندىن باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ، ئاندىن چىرىك ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چىرىتىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇستەھكەم قورغان قۇرالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى

بۇخې

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا-غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش—يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ "ئىككى ئومۇمىيىتى" توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر تاشلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ چىقارغان زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر. بۇ زور تەدبىر خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالغان بولۇپ، خۇددى شاھماتتا بىر ئۇرۇق ياخشى مېڭىلسا، پۈتۈن ئۇرۇق جانلانغانغا ئوخشاش ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر ھالدا زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇڭا بىز غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش خىزمىتىنى چوقۇم ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 1. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش—سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. كومپارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى يولغا قويۇشتىكى تۈپ مەقسىتى ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش، ئورتاق بېيىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئۇزۇندىن بۇيان، تەبىئىي، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، غەربىي رايونلار ئىزچىل قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. نۇرغۇن جايلاردىكى ئاما بولۇپمۇ دېھقانلار ئاممىسى يەنىلا نىسبەتەن نامرات. مەركەز يولغا قويغان نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى غەربىي رايونلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، نۇرغۇن دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىراق، بۇ، نامرات ئاھالىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان قاراتمىلىقى بار تەدبىردىنلا ئىبارەت، خالاس. پەقەت غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن كەڭ غەربىي

رايونلارنى ئومۇمىي ۋە تۈپ جەھەتتىن نامراتلىق، قالاقلىقتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، باياشاتلىققا ماگدۇرغلى بولىدۇ، ھەم سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ”ئىككى ئومۇمىيىتى“ توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان كونكرېت ھەرىكەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىككى ئومۇمىيەت بار، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بىر ئومۇمىيەت — شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىپ، ئۇنى بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا-غەربىي رايونلار بۇ ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم. يەنە بىر ئومۇمىيەت — تەرەققىي قىلىپ مەلۇم مەزگىلگە يەتكەندە، يەنى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەت ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەندە، تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىپ ئوتتۇرا-غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش، شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىمۇ بۇ ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، بىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزمۇ مۇشۇ ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئەسىر ئالمىشىدىغان ۋاقىتقا كەلگىنىمىزدە، شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرى تەدرىجىي بېيىغان ۋاقىتتا غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئوبدان پەيتى يېتىپ كەلدى. شەرقىي رايونلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا مول ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلاپ، غەربىي رايونلار ئۈچۈن جانلىق ئۈلگە تىكلىدى؛ غەربىي رايونلاردىكى كەڭ ئامما ئېچىشقا تەشنا، بېيىشقا تەشنا، ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك، شەرقىي رايونلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا قەدەمنى تېخىمۇ تېز، ياخشى تاشلىغىلى بولىدۇ.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش — دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزنىڭ ئىزچىل نىشانىمىز. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر بۆسۈش ئېغىزى. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، غەربىي رايونلار گۈللەنمىسە، روناق تاپمىسا، پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش مۇمكىن ئەمەس؛ غەربىي رايونلار ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانمىسا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس؛ غەربىي رايونلار ئاساسىي جەھەتتىن زامانىۋىلاشمىسا، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. نۆۋەتتە، ئۇنۇملۇك ئېھتىياج يېتەرسىز بولۇش، پۇل ئوبوروت مىقدارى ئازىيىپ كېتىش يۈزلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان مۇھىم ئامىل. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن

ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش، مەبلەغنى كۆپەيتىش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەبلەغ سېلىش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن كەڭ بازار ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ، شەرقىي رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازار تاپىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا غەربىي رايونلار ئېچىش ئارقىلىق، تەلەپنى كۆپەيتىشكە، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا شارائىت ھازىرلاش بىلەنلا قالماستىن، مەھسۇلات ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىش مىقدارىنىمۇ كۆپەيتىدۇ. دېمەك غەربىي رايونلار بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان رولى ناھايىتى روشەن بولىدۇ.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش—ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلەش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. غەربىي رايونلار مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسىي رايون. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايونلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 6 مىليون 160 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي قىسمىدىكى ئون ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 950 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايونلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 96.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىلگىرىلەش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭمۇ ئېھتىياجى. دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزەر سالغاندا شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مىللىي مەسىلە، مىللىي زىددىيەت ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىزدە بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان مىللىي سىياسەتنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە تۇتقان مۇھىم بىر يولىمىز تەرەققىياتنىڭ چىڭ قائىدە ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىيات جەريانىدا مەسىلىنى ھەل قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىش. بۈگۈنكى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دەل مىللىي رايونلارنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەرىكەتتۇر.

## 2. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پىلان تۈزۈپ، پىلان بويىچە تەدرىجىي يولغا قويۇش كېرەك

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مىسلىسىز ئۇلۇغ ئىش. ئۇ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى كەڭ كۆلەمدە يەر ئېچىش، بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئەمەس، ھەرقانداق شەكىلدىكى قالايمىقان ئېچىش، قالايمىقان كېسىش ۋە چوڭ تۇرلەرنى تالىششمۇ ئەمەس. ئۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى كەڭ قوللىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، سەرخىللاشتۇرۇلۇشى، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ھەر تۇرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىدۇر، شۇڭا، ئۇنىڭدا مۇكەممەل ۋە تەييار لايىھەنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىمۇ زور پەرقلەر بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەمەلىيەت جەريانىدا خۇلاسىلەش، خۇلاسىلەش جەريانىدا يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ توغرا يولىنى تېزراق تاپقىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل پىكىرلەرنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاش لازىم. ”تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق“، بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىزچىل كۆرسەتمىسى، شۇنداقلا بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئاساسىي خىزمەت ئۇسۇلى. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەرقايسى تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ، بىر قىسىم تىپلارنى بايقاپ ۋە تەھلىل قىلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلىشى لازىم.

ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن تەجرىبىسىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەش، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلىك تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەل قىلغۇدەك قانۇنىيەت بولىدۇ. كىشىلەر قانۇنىيەتنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلسا، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلغىلى، ئەگرى يولنى ئاز ماڭغىلى، زىياننىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلسا، جازاغا تارتىلىدۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. غەربىي رايونلاردىكى خەلقلەر ئۇزاق مەزگىللىك ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەريانىدا غەربىي رايونلارنى چۈشەندى، غەربىي رايونلارنى تونۇدى، بەلگىلىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلىدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، غەربىي رايونلارنىڭ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، مول تەجرىبىلەر توپلاندى. شۇڭا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا تەجرىبىنى ياخشى خۇلاسىلەپ، قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، خىزمەتتە رىئايە قىلىش شەرت بولغان بەزى پرىنسىپلارنى بەلگىلەش كېرەك. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، نەزەرىيىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇش، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكلىشىگە تايىنىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا، قارىغۇلارچە ئىش قىلىپ، تارىخىي خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلىشتىن ساقلانغىلى، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

مەركەزنىڭ ھەر تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەققىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈپ، ھەمكارلىشىپ ئېچىشنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئاكتىپ تەڭشەش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى مېخانىزم ئارقىلىق غەربىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ھەر تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەت-تەدبىرلىرىنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. غەربىي رايونلار مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، ئاكسىيە، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئىشلىتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى — ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى قوزغاش، ياخشى يېتەكلەش ۋە ياخشى قوغداش كېرەك. پۇرسەتنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەمكارلىشىش روھى بىلەن ئاكتىپ ھالدا مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈپ، ھەمكارلىشىپ ئېچىشنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

رەھبەرلىك ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، جاپالىق ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەش لازىم. غەربىي رايونلارنى ھەققىي ئېچىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرۈش-كۆرەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى توغرا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياخشى خىزمەت ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشتا. بىرىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، كۆپتۈرمىچىلىك قىلماسلىق كېرەك. ھەممىدە غەربىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش كېرەك؛ ھەممىدە غەربىي رايونلاردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىنى، تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئاممىنى قوزغاپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش كېرەك؛ ھەممىدە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئومۇمىيىتىنى چىقىش قىلىپ، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ قورۇقچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كېرەك، تارماق ۋە كىچىك كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشقا، يۇقىرىنى ئالداپ تۆۋەندىن يوشۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش، جاپاغا چىداپ ئېگىلىك يارىتىش كېرەك. بىز غەربىي رايونلارنىڭ تاغ-دەريالىرى گۈزەللىنىپ راۋاج تاپقان زامانىۋىلىشىش رەسىمىنى سىزىپ بولدۇق، بىراق رېئاللىقتىكى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قاتارلىق جەھەتلەردىكى شارائىتى يەنىلا ناھايىتى قالاق، غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرسىدا يەنىلا ناھايىتى زور پەرق بار. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى نېمىگە تايىنىپ ياخشى ئېلىپ بارالايمىز؟ بىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس كوممۇنىزملىق غايە-ئېتىقادىمىزغا، كۈچلۈك ئىرادىمىزگە،

ئكىلەس-سۇناس قەيسەرلىكىمىزگە ھەم قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىزغا تايىنىمىز، بۇ بىزنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان روھىي تۈۋرۈكىمىز.

## 3. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىككى مەدەنىيلىكنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ زور تەرەققىياتىنى كەلتۈرىدۇ، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭمۇ زور تەرەققىياتىنى كەلتۈرۈشى لازىم. ئىككى مەدەنىيلىكنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پەن-تېخنىكا تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر خىل تېخنىكا-قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى كۆپلەپ يولغا قويۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش زور مىقداردىكى ئىختىساسلىق خادىملارغا بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج. ئىختىساسلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ بىرى ھازىر بار بولغان ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى بايقاش؛ يەنە بىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە زور مىقداردا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش. كۆپ يىللاردىن بۇيان شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقى چوڭىيىپ كەتكەچكە، غەربىي رايونلاردىكى خېلى كۆپ ئىختىساسلىق خادىملار شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئېقىپ كەتتى. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملار ئۈچۈن نىسبەتەن ياخشى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئامال قىلىپ ئىختىساسلىقلارنى ئېلىپ قېلىش كېرەك. پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ياشلار، ئۆتتۈرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش، ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي تەربىيە ۋە كۇرسلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، سىستېما بويىچە شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان مائارىپ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش—مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر يادرولۇق مەزمۇنى. كىشىلەرگە بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە كەڭ ياش-ئۆسمۈرلەرگە توغرا بولغان دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تىكلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. تۆھپە يارىتىش روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، كوللېكتىپچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىلىم-پەن ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىلىمنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئومۇمىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مىللىي مۇناسىۋەتنى، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر

تەرەپ قىلىپ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش، مەركەزنىڭ قارارىغا قەتئىي بويسۇنۇش كېرەك. ئەمگەك ئىگىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشنى، ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىش، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا، تۇرمۇشتىكى ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىزچىل مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن-نىزاملارنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قانۇن بويىچە دۆلەتنى باشقۇرۇش—بىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت باشقۇرۇش فاڭجېنىمىز، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ساقلاشنىڭ تۈپ كاپالىتى. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىنتايىن كۆپ تەرەپلەرگە، كۆپ تارماقلارغا، كۆپ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يىراق كەلگۈسىگە بېرىپ چېتىلىدىغان مەسىلە بولغاچقا، قېلىپلاشقان قانۇننىڭ بولۇشى زۆرۈر. شۇڭا، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەڭ ئامما خىزمەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەردە رىئايە قىلىدىغان قائىدە، ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولسۇن.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىش. بىز ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ئاستىدا، غەربىي رايونلار-دىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەشكىللاتچىلىقى ۋە قوماندان-لىقى ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، غەربىي رايونلاردىكى كەڭ كادىر ۋە ھەر مىللەت خەلق ئامMISىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا چوقۇم مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئورتاق بېيىش غايىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ بازار بىلەن تۇتاشتۇرۇش لازىم

——يېڭى ئەسىردە جۇڭگونىڭ شەرقىي رايونلىرى بىلەن غەربىي رايونلىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئېچىش يولىنى تۇتۇشى ھەققىدە ئىستراتېگىيىلىك مۇلاھىزە

**گۇ يىكاڭ**

## 1. يېڭى ئەسىردە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شەرقىي رايونلارنى زور تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ باغلىنىشلىقلىقىنى ئەتراپلىق تونۇش لازىم

**(1) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى شەرقىي رايونلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا دۆلىتىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە شەرقىي رايونلارنىڭ پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، شارائىتى بار جايلارنىڭ باشلامچى بولۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشى تەلەپ قىلىندى. 1999-يىلى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ”غەربىي رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش——پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى بىر چوڭ ئىستراتېگىيە، چوڭ ئوي-پىكىر. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار ئۆزىنىڭ بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئاساسى، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە دۆلەتنىڭ قوللاش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە خېلى زور ئەمەلىي كۈچ جۇغلىدى. ھازىر ئوتتۇرا-غەربىي رايونلارنى ئېچىشنى تېزلىتىش پەيتى پىشىپ كەلدى.“ روشەنكى، شەرقىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن ھەممە ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ چىقارغان

ئىزدىنىش (تاللانما)

ئىككى چوڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر، مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ئىككى ياخشى تەدبىردۇر. بىز بۇ ئىككى ئىستراتېگىيىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىقلىقىنى ماكرو جەھەتتىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر تونۇپ ۋە ئىگەللەپ، ئۇنى مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىككى چوڭ تايانچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

شەرقىي رايونلار مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ باشلامچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ئاۋۋال باشلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى باشلامچى بولۇپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولىغا چىقىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى، بۇ — غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر شەرقىي رايونلارنىڭ 20 يىللىق تېز سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بولمىغان بولسا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ھازىرقىدەك بۇنداق ياخشى ئاساسىي شارائىتى بولمىغان بولاتتى. شەرقىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. پەقەت شەرقىي رايونلار ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىغاندىلا، ئاندىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئۈستۈرۈپ، مەركەز مالىيىسىنىڭ يۆتكەپ چىقىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ئاندىن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ماددىي جەھەتتىن ۋە تېخنىكا جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئۈنۈملۈك بازار ئېھتىياجى بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتە ئىچكى ئېھتىياج يېتەرسىز بولۇش ۋە پۇل ئوبوروت مىقدارى ئازىيىپ كېتىش مەسىلىسى كۆرۈلۈۋاتقان ئەھۋالدا، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىزچىل، تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشقا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شەرقىي رايونلار ئاساسلىقى سانائەتلىشىشكە تايىنىپ بىر پۈتۈن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن شەھەرلىشىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى، يېزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بۇرۇلۇشى لازىم. شەرقىي رايونلارنىڭ شەھەرلىشىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى، يېزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇنداق چوڭ قۇرۇلۇشى ئىچكى ئېھتىياج بازىرىنى ھەر تەرەپتىن جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى تېزدىن بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تەرەققىيات نىشانى قىلىدىغان، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تايىنىدىغان تۈجۈپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىغا سالىدۇ. بولۇپمۇ شەرقىي رايونلاردىكى كەڭ يېزىلار جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بارغان 20 يىل ئىچىدىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز، بازار مېخانىزمىنىڭ رولى ئەڭ كۈچلۈك، خەلقتىن جۇغلانغان مەبلەغ ئەڭ كۆپ بولغان جاي بولۇپ، شەرقىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش چوڭ قۇرۇلۇشىنى باشلامچى بولۇپ ئىلگىرى سۈرۈش ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، بازارنى جانلاندۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينايدۇ، ئۇ شەرقىي رايونلاردىكى كەڭ

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزچىل ئاشۇرۇپ، شەرقىي رايونلارنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولالايدۇ. شەرقىي رايونلارنىڭ چوڭ قۇرۇلۇشى ئىچكى ئېھتىياج بازىرىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىپ، غەربىي رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە ئادەم بايلىقىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي رايونلارنىڭ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ بازار بىلەن تەمىنلەپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئوخشاشلا شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا غايەت زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ، شەرقىي رايونلاردىكى كۆپلىگەن كارخانىلارنى يېڭى بازار پۇرسىتىگە ئىگە قىلالايدۇ.

غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە قىيىن نۇقتىسى، غەربىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش غەربىي رايونلارنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماي، شەرقىي رايونلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى، ئۇ شەرقىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ۋە يېڭى ئىمكانىيەت ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش چوڭ قۇرۇلۇشى بىلەن غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئېھتىياج بازىرىنى ئومۇميۈزلۈك جانلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى زور دەرىجىدە تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**(2) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ بازار بىلەن تۇتاشتۇرۇش شەرت**

بۇ قېتىمقى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشى مەملىكىتىمىز ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئومۇميۈزلۈك بۇرالغان يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا ئېچىش بېكىنمە ھالەتتە ئېلىپ بېرىلماسلىقى، دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارغا بولغان مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش سىياستى-نىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، بازارنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازار مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك ئىستراتېگىيىسى ۋە ئىقتىسادتا ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىدىن ئېلىپ قارىغاندا، شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ بازار غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بازار بولۇشى لازىم؛ رېئاللىقتىن ئېلىپ قارىغاندا، غەربىي رايونلاردىكى ئىچكى ئېھتىياج بازىرى، شەك-شۈبھىسىز، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئالدى بىلەن بىۋاستە يۈزلىنىدىغان چوڭ بازاردۇر، لېكىن ئەگەر غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزىدىكى ئېھتىياج بازىرىلا كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇنداقتا غەربىي رايونلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ بازار كۆزدە تۇتۇلغاندىلا، ئاندىن زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي رايونلىرى پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ تېز ئېشىش بەلبېغى بولۇپلا قالماستىن، ئاسىيا ھەتتا دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ زور يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچىگە ئىگە چوڭ بازار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكىتىمىزنىڭ

غەربىي رايونلىرى بىلەن شەرقىي رايونلىرى جۇغراپىيە ۋە بايلىق ئەھۋالى جەھەتتە ئىنتايىن زور پەرقلىنىدۇ ۋە ئۆزئارا تولۇقلايدۇ. شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ بازارنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئاچقاندىلا، غەربىي رايونلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، غەربىي رايونلارنىڭ بايلىقلىرىنى ئېچىشتىمۇ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. غەربىي رايونلارنىڭ سۇ كۈچى، توك كۈچى، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە بايلىقلىرى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى مىسالغا ئالساق، غەربنىڭ توكىنى شەرققە يۆتكەش، غەربنىڭ تەبىئىي گازىنى شەرققە يۆتكەش ئارقىلىقلا يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، يېشىل يېمەكلىكلىرى شەرقىي رايونلاردىكى ئىستېمال بازىرىغا كىرگۈزۈلمىسە، يۇقىرى قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن بولىدۇ. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئەمدى پىلانلىق ئىگىلىك كونا يولىغا ماڭماسلىق كېرەك، ئېچىشنى يېپىق شەكىلدە ئېلىپ بارماستىن، ئوچۇق شەكىلدە ئېلىپ بېرىش كېرەك، بازار مېخانىزمىنى يېتەكچى قىلغان ھالدا شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بىللە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دېگىنىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدا بايلىقنىڭ چوڭ ئالمىشىشىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ چوڭ يۆرۈشۈشىنى، تاۋارلارنىڭ چوڭ ئوبوروتىنى ۋە شەرقىي-غەربىي رايونلارنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك چوڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

## 2. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ بازارنى تايانچ قىلىپ ھالقىشىمان تەرەققىيات يېڭى يولىغا مېڭىش لازىم

**(1) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە قىيىن نۇقتىسى غەربىي رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلارنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش**

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا خەلقنى بېيىتىش، رايوننى گۈللەندۈرۈش نىشان قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئەڭ قىيىنى ۋە ئەڭ مۇھىمى غەربىي رايونلاردىكى كەڭ دېھقانلارنى باي، مەدەنىيەتلىك بولۇش يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى كونكرېت سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىشتىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربىي رايونلارنىڭ قالاقلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى غەربىي رايونلارنىڭ يېزىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قالاقلىقى، غەربىي رايونلارنىڭ نامراتلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىمۇ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزىدا. غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ كەڭ يېزىلاردا نوپۇسنىڭ زىيادە زىچ بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدا. غەربىي رايونلار بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقى شەرقىي رايونلار

بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ شەھەر-بازار تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرقىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. غەربىي رايونلارنىڭ ياشاش مەسىلىسى، تەرەققىيات مەسىلىسى ۋە ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا غەربىي رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە كۈچ چىقىرىش لازىم.

پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقى چوڭ ئەمەس، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ يېزا تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرقىمۇ چوڭ ئەمەس ئىدى، شەرقىي رايونلاردىكى كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىمۇ ياخشى ھەل قىلىنمىغانىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان، شەرقىي رايونلارنىڭ يېزا تەرەققىياتىنىڭ غەربىي رايونلارنىڭكىدىن كۆپ تېز بولغانلىقى، بۇ رايونلارنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، شەرقىي رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار ھەممىدىن بۇرۇن پىلانلىق ئىگىلىك ۋە ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، بازار ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى بازارلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش، يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈش ۋە شەھەرلەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بېيىش يولىغا ماڭدى. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدا يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدە غەربىي رايونلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ پايدىسىز بولۇشى قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا، پەرقنىڭ ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ بازارلىشىش سەۋىيىسى، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ قاتلىمى ۋە دېھقانلارنىڭ كۆزقارىشى، ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. بۇرۇنقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، غەربىي رايونلارنى ئېچىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئەندىزىسىنىڭ غەربىي رايونلارنىڭ ”يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلالىشى تەسكە چۈشىدۇ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىشتە، غەربىي رايونلار ئەنئەنىۋى ئېچىش ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شەھەرگە قويۇش خاھىشىدىن ساقلىنىپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تۇتۇش قىلىش نۇقتىسىنى ئالدى بىلەن غەربىي رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار تەرەققىياتى مەسىلىسىگە قويۇپ، ھالقىشىمان تەرەققىيات يېڭى يولىنى ئىزدەپ تېپىشى لازىم.

**(2) يېڭى ئەسىردە غەربىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى يېرىم تەمىنلەيدىغان يىرىك تىپتىكى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن ھالقىپ كەسىپلەشكەن، زامانىۋىلاشقان ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك**

دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق غەربىي رايونلارنىڭ ئاساسلىق كەسپىدۇر، شۇنداقلا غەربىي رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭمۇ ئاساسى، ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرىكىدەك ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك ئېھتىياجىنى قامداشنى مەقسەت قىلغان ئورتەپ-چوقۇلاپ تېرىش،

ئورمان بۇزۇپ ئاشلىق تېرىش، يايلاق بۇزۇپ ئاشلىق تېرىش ئىشلىرى ۋە غەربىي رايونلارنى پاختا، ئاشلىق ماكانىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى توپا يالىنىپ كېتىش، ئېكولوگىيە يامانلىشىپ كېتىشتەك تۈگىمەس بالا-قازالارنى قالدۇرغانىدى. بۇ قېتىمقى غەربىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىدا ھەرگىزمۇ مىقدار جەھەتتىن كېڭەيتىۋېتىش يولىنى تۇتماسلىق كېرەك. تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بازار مېخانىزمى ۋە پەن-تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېرىك باشقۇرۇش تىپىدىكى بايلىق ئېلىش خاراكتېرلىك راۋاجلاندۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش تىپىدىكى قوغداش خاراكتېرلىك راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆتۈشتەك ھالقىسمان ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىلا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، غەربىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە تەكشى يۈز بويىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشى چېكىدىن ئېشىپ كېتىش، ئېكولوگىيە ئېغىر بۇزۇلۇپ قېلىشتەك رېئال ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا، يايلاققا قايتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، باغۋارانلاشقان يېشىل ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ مالىيە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ پىلانلىق ھالدا كەڭ كۆلەملىك تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا، يايلاققا قايتۇرۇشنى يولغا قويۇپ بۈك-باراقسان ئورمان، يايلاقلار بىلەن قاپلانغان گۈزەل تاغ-دەريالارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا تەبىئىي شارائىتى ماس كېلىدىغان رايونلارنى ياكى تېرىقچىلىقتىن كېچىپ ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرگەن مەركىزىي رايونلارنى تاللاپ، بىر تۈركۈم ئورمان ۋە يايلاقنى ئېكولوگىيىلىك توسۇق قىلغان تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇلىدىغان يېشىل ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك چەمبىرىكىنى بەرپا قىلىشى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. يېشىل ئېكولوگىيە بىلەن قوغدىلىدىغان غەربىي رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىكى بازار مېخانىزمى ۋە ئىلغار، ئەسقاتىدىغان پەن-تېخنىكىنى كىرگۈزسىلا، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ زامانىۋى ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىككە ئۆتۈشى تامامەن مۇمكىن.

ئىككىنچى، غەربىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان كىچىك ھەم مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى بۇزۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش، بازارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېشىل يېمەكلىك، يېشىل كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك تايانچ كەسىپلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. غەربىي رايونلاردىكى كەڭ دېھقانلارنى ئالدى بىلەن جان بېقىش ئۈچۈن كېرەكلىك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى كۆزقارىشىنى بۇزۇپ تاشلاشقا يېتەكلەپ، قورساقنى توق، كىيىمنى پۈتۈن قىلىش كۆزلەنگەن يېزا ئىگىلىك ئەندىزىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك. ھەر يەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا، "بازار"نىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشقان ھالدا بازار ئېھتىياجلىق سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ھەر جەھەتتىن بازار ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى يولىغا سېلىش لازىم. بۇ ئۆزگىرىشنى يەككە-يەككە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتى قىيىن، شۇڭا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار

تارماقلار كۈچلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يېزىلاردىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىنى يېزا ئىگىلىكى بويىچە باشلامچى كارخانىلارنى ۋە يېزا بويىچە كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ، تارقاق دېھقانلارنى تەشكىللەپ، يېشىل ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك چەمبىرىكى ئىچىدە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېشىل يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھەمدە باشلامچى كارخانىلار ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق مەھسۇلاتلارنى شەھەر-بازارلارغا ۋە شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا يېتەكلەش لازىم.

ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت ھالقىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى غەربىي رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۇقىرى قاتلامغا كۆتۈرۈشنىڭ زور تەدبىرى قىلىپ تۇتۇش كېرەك. تەرەققىي تاپقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئوبوروت كەسىپلىرى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. غەربىي رايونلارنىڭ خام ئەشيا قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئەندىزىسىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت ئىشلىرىنى تازا ئوبدان ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ زەنجىرىسىنى ئۇزارتىپ، يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى غەربىي رايونلاردىكى يېزا سانائىتىنىڭ تايانچ كەسپى قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بويۇملارنى ساقلاش، توشۇش، سېتىش ئىشلىرىنى غەربىي رايونلاردىكى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى تولۇق ئىشلىشى، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**(3) غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تارقاق جايلىشىش ۋە شەھەر سانائىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىشتەك تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ، كىچىك شەھەر-بازارنى تايانچ قىلىدىغان ۋە زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى يولغا قويۇش كېرەك**

شەرقىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى تۇشمۇتۇش تۇتۇش قىلىپ، بازاردا قىس بولغان ئادەتتىكى سانائەت ئىستېمال بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى بەس-بەس بىلەن راۋاجلاندۇرىدىغان تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتۈپ، جايلىشىشى تارقاق بولۇش، كۆلىمى نامۇۋاپىق بولۇش، مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىش، يېزا ئىگىلىكى بىلەن بولغان ئالاقىسى بوش بولۇش، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسى ئوخشىشىپ كېتىش ۋە تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق نۇقسانلارنى قالدۇرغانىدى. نۆۋەتتە غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا شەرقىي رايونلارنىڭكىدەك تارقاق جايلاشتۇرۇش يولىغا ماڭماي، نىسبەتەن يىغىنچاق جايلاشتۇرۇلىدىغان ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلىدىغان يېڭى يولنى تېپىپ چىقىش كېرەك. رايونلارغا جايلاشتۇرۇش جەھەتتە، يېزىلاردىكى كىچىك شەھەر-بازارلارنى تايانچ، كىچىك سانائەت رايونلىرىنى ۋاستە قىلىپ، يىغىنچاق

جايلاشتۇرۇش يولىنى تۇتۇش لازىم. كەسىپ تاللاش جەھەتتە، شۇ جاينىڭ بايلىقىنى ئېچىش بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىچكىرىلەپ ئىشلەشنى شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، توشۇش، سېتىشنى ھەم مۇلازىمەتچىلىكنى ئاساسىي كەسىپ قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەم شەھەر سانائىتى بىلەن بىر خىل بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى، ھەم يېزا ئەمگەك كۈچلىرى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى ۋە خام ئەشيا بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى چىقىدىغان جايغا خاس ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، جايلارنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**(4) يېڭى ئەسىردە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا يېزىلارنىڭ شەھەر-بازارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقا جايغا يۆتكەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك**

خەلقئارادىكى ئېچىش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ئاھالىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار جايدىن تەبىئىي شارائىتى ياخشى جايغا مەركەزلىشىشى، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى مەركىزىي رايوندىن دېڭىز بويى رايونلىرىغا مەركەزلىشىشى، يېزىلاردىن شەھەر-بازارلارغا مەركەزلىشىشى بىر خىل مۇقەررەر يۈزلىنىشتۇر. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، شەرقىي رايونلار بېسىپ ئۆتكەن ئاۋۋال يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈش، ئاندىن شەھەر-بازارلاشتۇرۇشقا ئۆتۈشتەك تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يېزىلارنى شەھەر-بازارلاشتۇرۇش بىلەن سانائەتلەشتۈرۈشنى تەڭ سىلجىتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنى كىچىك شەھەر-بازارلارغا بېرىپ سانائەت كارخانىلىرى ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا پائال يېتەكلەش لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم بىر فۇنكسىيىسى ۋە ۋەزىپىسى تەبىئەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن يېزا ئاھالىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئۇنۇمى ئۆتتۈراھال ۋە تۆۋەن بولغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىن ئايرىلىپ، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن، يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ۋە شەھەر-بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ھۆكۈمەت ئاھالىنى كۆچۈرۈپ بازار قۇرۇشنى ۋە شارائىتى باب كېلىدىغان يېشىل ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك چەمبىرىكىدە كىچىك شەھەر-بازارلارنى بەرپا قىلىشنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر قىلىشى كېرەك. يېشىل ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك چەمبىرىكىنى تايانچ قىلغان ھالدا يېڭىدىن گۈللەنگەن كىچىك شەھەر-بازارلارنى بەرپا قىلغاندا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا بىر چاغدا كۆپ پايدىلىق رولىنى ئوينىغىلى بولىدۇ. كىچىك شەھەر-بازارلاردا بايلىقنى ئېچىش تىپىدىكى كارخانىلارنى بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتى كەسپى، سېتىش كەسپى ۋە مۇلازىمەتچىلىك كەسپى قاتارلىق 3-كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ ئەتراپىدا توپلىشىپ باشقۇرۇلىدىغان، باغۋارانلاشقان زامانىۋى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى بەرپا قىلىش يولى بىلەن كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلىدىغان ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تۈۋرۈك قىلىدىغان، شەھەر-بازارلاشقان يېڭى

بوستانلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، غەربىي رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان يېشىل رايون دائىرە ئىگىلىكىنى غەربىي رايونلانى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش نۇقتىسى قىلىش، غەربىي رايونلاردىكى دېھقانلار زامانىۋىلىششقا قەدەم تاشلايدىغان يېشىل ماكان قىلىش كېرەك.

## 3. بازار مېخانىزمىنى تەتبىقلاپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ھەمكارلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي رايونلارنى ھالقىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېشىل يولىنى بەرپا قىلىش كېرەك

جۇغراپىيىلىك قاتناش جەھەتتىكى، تۈزۈلمە جەھەتتىكى، ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتىكى بېكىنمىلىكنى ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان بېكىنمىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇش غەربىي رايونلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقىلىق ھالقىشىمان تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى مۇقەررەر يولدۇر.

بىرىنچى، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار كەڭ كۆلەمدە ھەمكارلىشىدىغان ۋە كەڭ كۆلەمدە ئالاقە ئېلىپ بارىدىغان يېشىل يولنى ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتە شەكىللەندۇرۇش كېرەك. غەربىي رايوندىكىلەر ناتۇرال ئىگىلىك، ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ۋە پىلانلىق ئىگىلىك ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئاسارىتىدىن بۆسۈپ چىقىپ، بايلىقنى ئېچىش، كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش جەھەتلەردە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ بازارنىڭ ئېھتىياجىنى، پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ تۇرۇپ غەربىي رايونلارنى ئېچىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي رايونلارنىڭ دەرۋازىسىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، ھەر تەرەپكە كەڭ قۇچاق ئېچىپ، شەرقىي رايونلارنىڭ ۋە چەتنىڭ مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم ۋە كارخانىلىرىنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. شەرقىي رايوندىكىلەرمۇ كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى شەرقىي رايونلارنى زور راۋاج تاپقۇزۇشنىڭ يېڭى پۇرستى دەپ بىلىپ، يۈكسەك بازار سەزگۈرلۈكى ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنى ئېچىش داۋامىدىكى بازار پۇرستىنى تېزدىن تۇتۇشى لازىم.

ئىككىنچى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى بايلىقنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئالمىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۈرۈشۈپ تۇرۇشىغا كاشىلا بولىدىغان توسالغۇنى تۈگىتىش كېرەك. دۆلەت باج قاتارلىق سىياسەت پىشاڭلىرىنى تەتبىقلىشى، غەربىي رايونلار مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، شەرقىي رايونلاردىكى مەبلەغنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قاتنىشىشقا يېتەكلىشى لازىم. شەرقىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئىگىلىكنى ۋە دېھقان كارخانىچىلارنى

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا كەڭ كۆلەمدە قاتناشتۇرۇش لازىم، پۈتۈنلەي بازار قائىدىسى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان زور تۈركۈمدىكى شىركەت ۋە كارخانىلارنى غەربىي رايونلارنى ئېچىشقا كەڭ كۆلەمدە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنى ئېچىشنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى تۈپ ئاساسىدىن يېڭىلاپ، غەربىي رايونلاردىكى دېھقانلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. غەربىي رايونلار خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان كەسىپلەرگە قارىتا، ئېچىۋېتىش سالمىقىنى تېخىمۇ كەڭرەك قويۇۋەتسە بولىدۇ، كان بايلىقىنى ئېچىش، يېزا ئىگىلىكىنى ئېچىش، سودا ئوبوروتى، قاتناش، خەۋەر-ئالاقە قاتارلىق ساھەلەردە ئېچىۋېتىش سالمىقىنى تېخىمۇ كەڭرەك قويۇۋېتىشكە بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ھۆكۈمەت-نىڭ سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلىشى ئارقىلىق شەرقىي رايونلارنىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلىرىنى بازار ئىگىلىكى ۋاسىتىسى بىلەن ئورۇندىتىشقا يېتەكلەشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇش، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە قاتناش، خەۋەر-ئالاقە ئىشلىرى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى مۇھىم قۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. بىر جەھەتتىن، دۆلەت ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار بىلەن تۇتىشىدىغان قاتناش، خەۋەر-ئالاقە، ئۇچۇر ۋە ئېلېكتىر قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، غەربنىڭ توكىنى شەرققە يۆتكەش، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يۆتكەش، غەربنىڭ يوللىرىنى شەرققە تۇتاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئېلېكتىرلەشكەن تۆمۈريول، تېز سۈرئەتلىك تاشيول، سۇ قاتنىشى، ھاۋا قاتنىشى، تۇرۇبا يوللىرى بىلەن توشۇش قاتارلىق خىلمۇخىل قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش قىيىن بولۇش ئەھۋالىنى تۈپ ئاساسىدىن ياخشىلاپ، تېز سۈرئەتلىك قاتناشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەۋەر-ئالاقە، ئۇچۇر كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي تاپقان تورسىمان خەۋەر-ئالاقە، ئۇچۇر تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشقا دائىر خەۋەر-ئالاقە رادىئوسىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىش كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، قاتناشقا دائىر خەۋەر-ئالاقە ۋە سودا ئوبوروتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈش لازىم. ھەم غەربىي رايونلاردا چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك تىپتىكى ھەر خىل بازارلارنى ۋە سودا ئوبوروتى كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ھەم شەرقىي رايونلاردىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى توپ سېتىش بازارلىرى ۋە سودا ئوبوروتى كارخانىلىرىنى غەربىي رايونلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش جەھەتتە زىچ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا ئىلھاملاندۇ-رۇش، شۇنىڭ بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ راۋان ئوبوروت يوللىرى ئارقىلىق شەرقىي رايونلارنىڭ بازارلىرىغا توسالغۇسىز كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم. شەرقىي رايونلارنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىمۇ غەربىي رايونلارنى ئېچىشقا قاتنىشىپ، غەربىي رايونلارنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلى-رىنى خەلقئارا بازاردا سېتىشى كېرەك.

تۆتىنچى، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى قوش يۆنىلىشلىك يۇرۇشۇپ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىختىساسلىق خادىملار قۇرۇلمىسى بىلەن ئەمگەك كۈچلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشى ۋە قايتا تەشكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. غەربىي رايون يېزىلىرىدىكى ئىقتىدارى بار، ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەرقىي رايونلارغا قاراپ يۇرۇشۇشىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوللاش كېرەك. غەربىي رايونلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى شەرقىي رايونلارغا يۇرۇشتۇرۇش غەربىي رايونلاردىكى مۇشۇ كىشىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشنىڭ يولى، شۇنداقلا غەربىي رايونلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا، يايلاققا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساسىي شارائىت يارىتىشنىڭ چارىسى. غەربىي رايونلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەرقىي رايونلارغا يۆتكىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەرقىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرقىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت كۈچىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز شەرقىي رايونلاردىكى دېھقانلار بولۇپمۇ يېزا-بازار كارخانىچىلىرى، ئىقتىدارلىق تىجارەتچىلەرنى غەربىي رايونلارغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك تېپىدىكى باشلامچى كارخانىلارنى، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسىنى قۇرۇش ۋە ئۈچىنچى كەسىپنى يولغا قويۇشقىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر خىل پەن-تېخنىكا خادىملىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىقلارنى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئەركىن يۇرۇشۇپ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدا ھەرىكەت ھالىتىدە كەڭ كۆلەملىك يۇرۇشۇپ تۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن غەربىي رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇپ ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، غەربىي رايونلار ئىگىلىكىنى ياخشى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىغا باشلىغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور: جېجياڭ ئۆلكىلىك يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5-V 刊号:ISSN1006-5857/CN11-2498/D
邮发代号:2-373 定价:2.80元 邮政编码 100013